# گوۋۇيۈەن ئاخبارات ئىشخانىسى «يېڭى دەۋردىكى جۇڭگو بىلەن دۇنيا» ناملىق ئاق تاشلىق كىتابنى ئېلان قىلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى تېلېگراممىسى(مۇخبىرلار ياڭ يىجۈن، ۋېن شىن)** جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى پەيتىدە، گوۋۇيۈەن ئاخبارات ئىشخانىسى 9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى «يېڭى دەۋردىكى جۇڭگو بىلەن دۇنيا» ناملىق ئاق تاشلىق كىتابنى ئېلان قىلدى. مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى، گوۋۇيۈەن ئاخبارات ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى شۈ لىن مۇنداق بىلدۈردى: خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىغا بولغان بىلىشى ۋە چۈشىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، ئاق تاشلىق كىتابتا «جۇڭگو قەيەردىن كەلگەن، قەيەرگە بارىدۇ» «جۇڭگو قانداق دۇنيا قۇرۇشقا تۈرتكە بولىدۇ» «تەرەققىي قىلغان جۇڭگو دۇنيا بىلەن قانداق ئۆتىدۇ» قاتارلىق مەسىلىلەر چۆرىدىلىپ، جۇڭگونىڭ تەرەققىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرى، تەرەققىيات يولى، تەرەققىيات يۆنىلىشى سىستېمىلىق تونۇشتۇرۇلۇپ، جۇڭگو بىلەن دۇنيانىڭ مۇناسىۋىتى چوڭقۇر شەرھلەندى.

ئاق تاشلىق كىتابتا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: 70 يىلدىن بۇيان، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، جۇڭگودا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىش بولۇپ، ئىنسانىيەت تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن تەرەققىيات مۆجىزىلىرى يارىتىلدى، بولۇپمۇ پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىدا تارىخىي مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، تارىخىي ئۆزگىرىشلەر بولدى. جۇڭگونىڭ دۇنياغا بولغان تەسىرى ئەزەلدىن بۈگۈنكىدەك بۇنداق ئومۇميۈزلۈك، چوڭقۇر، ئۇزاق بولۇپ باقمىغان؛ دۇنيانىڭ جۇڭگوغا بولغان دىققىتىمۇ بۈگۈنكىدەك بۇنداق كەڭ، چوڭقۇر، مەركەزلىك بولۇپ باقمىغان.

ئاق تاشلىق كىتابتا نۇرغۇن سانلىق مەلۇمات ۋە پاكىتلار ئارقىلىق، 70 يىلدىن بۇيانقى جۇڭگو تەرەققىياتىنىڭ غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلىرى، مۇھىم، زور ئەھمىيىتى، دۇنياغا قوشقان تۆھپىسى تونۇشتۇرۇلدى. ئاق تاشلىق كىتابتا مۇنداق كۆرسىتىلدى: جۇڭگو نەچچە ئون يىلدا، تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر نەچچە يۈز يىلدا بېسىپ ئۆتكەن تەرەققىيات مۇساپىسىنى تاماملىدى، ئىقتىسادنىڭ ئومۇمىي مىقدارى دۇنيا بويىچە ئىككىنچى ئورۇنغا ئۆتتى، 1 مىليارد 400 مىليونغا يېقىن خەلق ماددىي ئەشيا كەمچىل بولۇشتىن قۇتۇلۇپ، ئومۇمىي جەھەتتىن ھاللىق سەۋىيەگە يېتىپ، مىسلى كۆرۈلمىگەن ئىززەت - ھۆرمەت ۋە ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولدى. ئاق تاشلىق كىتابتا مۇنۇلار تەكىتلەندى: 70 يىلدىن بۇيان، جۇڭگو خەلقى قۇرۇق قول ئىگىلىك تىكلەپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ، جاپاغا چىداپ كۆرەش قىلىپ، بىر يېڭى دۇنيانى ياراتتى؛ 70 يىلدىن بۇيان، جۇڭگو دۇنيا بىلەن ئالاقە باغلاپ ھەمتۈرتكە بولۇش داۋامىدا تەرەققىي قىلىپ، دۇنياغا قۇچاق ئاچتى، دۇنيادىن ئۆگەندى، دۇنياغا تۆھپە قوشتى؛ 70 يىلدىن بۇيان، جۇڭگو ئۆز تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش بىلەن بىللە، دۇنيا تىنچلىقى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇپ، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئورتاق تەرەققىياتىغا ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشتى.

ئاق تاشلىق كىتابتا مۇنداق كۆرسىتىلدى: 70 يىلدىن بۇيان، جۇڭگونىڭ تەرەققىياتتا ئۇتۇق قازىنىشىنىڭ تۈپ سەۋەبى شۇكى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، جۇڭگو خەلقى جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدىن ئىبارەت بۇ توغرا تەرەققىيات يولىنى تاپتى ھەم مۇشۇ يولنى بويلاپ قەتئىي تەۋرەنمەي ماڭدى. ئاق تاشلىق كىتابتا مۇنۇلار تەكىتلەندى: جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولى ئۆز دۆلىتىنىڭ دۆلەت ئەھۋالى چىقىش قىلىنىپ بېكىتىلگەن يول، خەلقنىڭ مەنپەئىتى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇلغان يول، ئىسلاھات قىلىدىغان، يېڭىلىق يارىتىدىغان يول، ئېچىۋېتىش داۋامىدا ئورتاق تەرەققىي قىلىشنى كۆزلەيدىغان يول، دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىدىغان يول. جۇڭگونىڭ بۇ تەرەققىيات يولى جۇڭگونىڭ دۆلەت ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ، دەۋرنىڭ تەلىپىگە ماس كېلىدۇ، دەۋرنىڭ ئىلگىرىلىشىگە ئەگىشىپ پارلاق تەرەققىيات ئىستىقبالىنى بارغانسېرى نامايان قىلىدۇ.

خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىغا كۆڭۈل بۆلۈۋاتقانلىقىغا قارىتا، ئاق تاشلىق كىتابتا مۇنۇلار تەكىتلەندى: دۆلەتنىڭ قۇدرەت تېپىشى، مىللەتنىڭ گۈللىنىشى، خەلقنىڭ بەختنى ئىشقا ئاشۇرۇش ھەم جۇڭگو خەلقىنىڭ ئارزۇسى، شۇنداقلا ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرىنىڭمۇ ئورتاق ئارزۇسى. جۇڭگونىڭ تەرەققىياتى دۇنيا ئۈچۈن پۇرسەت بولۇپ، تەھدىت ۋە خىرىس ئەمەس. ئاق تاشلىق كىتابتا مۇنداق كۆرسىتىلدى: جۇڭگو دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشىدىكى ئاساسلىق مۇقىملاشتۇرغۇچ ۋە ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ مەنبەسى، ھەر تەرەپلىمە سىرتقا ئېچىۋېتىش ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا تېخىمۇ كۆپ پۇرسەت يارىتىدۇ، جۇڭگو خەلقئارا جەمئىيەتنى تېخىمۇ كۆپ ئاممىۋى مەھسۇلات بىلەن تەمىنلەيدۇ، جۇڭگونىڭ تەرەققىياتى تەرەققىي قىلىۋاتقان باشقا دۆلەتلەرنى تەجرىبە ۋە ئۈرنەك بىلەن تەمىنلەيدۇ، جۇڭگو ھەرگىز «قۇدرەت تاپسىلا زومىگەرلىك قىلىدىغان» يولدا ماڭمايدۇ.

«دۇنياغا نېمە بولدى، ئىنسانلار قانداق قىلىشى كېرەك» دېگەن دەۋر سوئالىغا قارىتا، ئاق تاشلىق كىتابتا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: بۈگۈنكى دۇنيا 100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان زور ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىدە تۇرۇۋاتىدۇ، ئىنسانىيەت جەمئىيىتى ھەم ئۈمىدكە تولدى، ھەم خىرىسقا تولدى. جۇڭگو ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسىنى بەرپا قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئالىدىغان، ئورتاق قۇرۇپ ئورتاق بەھرىمەن بولىدىغان تەرەققىيات يېڭى يولىنى ئېچىپ، ئىنسانلارنىڭ تەرەققىياتىنى يېڭى تاللاش بىلەن تەمىنلىدى. ئاق تاشلىق كىتابتا ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ، يېڭىچە خەلقئارا مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، يېڭىچە ئىقتىسادنىڭ يەرشارىلىشىشىغا تۈرتكە بولۇپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنى يادرو قىلغان خەلقئارا سىستېمىنى قوغداپ، مەدەنىيلىك جەھەتتە پىكىر ئالماشتۇرۇش، ئۆزئارا ئۆرنەك ئېلىشقا تۈرتكە بولۇپ، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسىنى قۇرۇشقا ئورتاق تۈرتكە بولۇپ، تېخىمۇ گۈزەل دۇنيانى قۇرۇپ چىقىشقا مۇراجىئەت قىلىندى.

جۇڭگونىڭ كۈنسېرى تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، خەلقئارا جەمئىيەت تەرەققىي قىلغان جۇڭگونىڭ دۇنيا بىلەن قانداق ئۆتىدىغانلىقىغا ئومۇميۈزلۈك دىققەت قىلدى. ئاق تاشلىق كىتابتا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: جۇڭگونىڭ تەرەققىياتى دۇنيادىن ئايرىلالمايدۇ، دۇنيانىڭ تىنچلىقى، تەرەققىياتى، گۈللىنىشى، مۇقىملىقى جۇڭگودىن ئايرىلالمايدۇ. جۇڭگو باشتىن - ئاخىر ئۆز تەرەققىياتىنى ئىنسانىيەت تەرەققىيات كوردىنات سىستېمىسىغا قويۇپ، ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئېلىش، ئورتاق تەرەققىي قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىقتىسادنىڭ يەرشارىلىشىشىنى قوغداش ۋە ئۇنىڭغا تۈرتكە بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، يەرشارىۋى ھەمراھلىق مۇناسىۋەتنى پائال تەرەققىي قىلدۇرۇپ، كۆپ تەرەپچىللىكنى قەتئىي قوللاپ، خەلقئارا ئادىللىق، ھەققانىيلىقنى قوغداپ، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇشنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، يەرشارىۋى ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ئىسلاھاتى ۋە قۇرۇلۇشىغا ئاكتىپ قاتنىشىپ ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىپ، باشتىن - ئاخىر دۇنيا تىنچلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى، يەرشارىۋى تەرەققىياتنىڭ تۆھپە قوشقۇچىسى، خەلقئارا تەرتىپنىڭ قوغدىغۇچىسى بولىدۇ.

ھازىر، جۇڭگونىڭ تەرەققىياتى يېڭى دەۋرگە كىردى. ئاق تاشلىق كىتابتا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: يېڭى دەۋردىكى جۇڭگونىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىدا مېڭىش ئىرادىسى ئۆزگەرمەيدۇ، باشقا دۆلەتلەر بىلەن ئۆزئارا ئۆگىنىش، ئۆزئارا ئۆرنەك ئېلىش، ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئېلىش ئىرادىسى ئۆزگەرمەيدۇ، دۇنيا بىلەن قول تۇتۇشۇپ تەڭ ئىلگىرىلەش ئىرادىسى ئۆزگەرمەيدۇ. كەلگۈسىدىكى جۇڭگو تېخىمۇ ئوچۇق، سىغدۇرۇشچان قىياپەت بىلەن دۇنياغا قۇچاق ئېچىپ، دۇنيا بىلەن تېخىمۇ ياخشى سۈپەتلىك ھەمتۈرتكە بولۇش ھالىتىدە بولۇپ، تېخىمۇ تەرەققىي قىلغان ۋە گۈللەنگەن جۇڭگو ۋە دۇنيانى بارلىققا كەلتۈرىدۇ.

ئاق تاشلىق كىتابنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: بۈگۈنكى دۇنيادا ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئىستىقبالى، تەقدىرى ئەزەلدىن ھازىرقىدەك بۇنداق زىچ باغلانمىغان. ھەربىر دۆلەت بىلەن دۇنيانىڭ ئىستىقبالى، تەقدىرى بىر - بىرىگە زىچ باغلانغان، پەقەت نىشان بىردەك بولۇپ، ئىتتىپاقلىشىپ، پۇرسەتتىن ھەمبەھرلىنىپ، خىرىسنى ئورتاق كۆتۈرەلىگەندىلا، ئاندىن ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسىنى بەرپا قىلىپ، تېخىمۇ گۈزەل دۇنيا قۇرۇپ، تېخىمۇ پارلاق كەلگۈسكە يۈزلەنگىلى بولىدۇ.

«يېڭى دەۋردىكى جۇڭگو بىلەن دۇنيا» ناملىق ئاق تاشلىق كىتاب كىرىش سۆز، تېكىست ۋە ئاخىرلاشتۇرۇش سۆزىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، تولۇق تېكىستى 29 مىڭ خەتتىن ئاشىدۇ. ئاق تاشلىق كىتاب خەنزۇچە، ئىنگلىزچە، فرانسۇزچە، رۇسچە، نېمىسچە، ئىسپانچە، ئەرەبچە، ياپونچىدىن ئىبارەت سەككىز خىل يېزىقتا ئېلان قىلىنغان بولۇپ، خەلق نەشرىياتى، چەت ئەل يېزىقى نەشرىياتى تەرىپىدىن ئايرىم - ئايرىم نەشر قىلىندى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا تارقىتىلدۇ.

ئاق تاشلىق كىتابنىڭ تولۇق تېكىستىنى ئىككىلىك كودنى سكانېرلاپ كۆرۈڭ

# ئاپتونوم رايون جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش باش تېمىسىدىكى «ۋەتەنگە مەدھىيە» ئەدەبىيات - سەنئەت كېچىلىكى ئۆتكۈزدى

(بېشى 1 - بەتتە)

شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئوغۇل - قىزلارنىڭ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىغا بولغان گۈزەل تىلىكىنى، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا بولغان چەكسىز مىننەتدارلىقىنى چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن ئىپادىلەپ، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ گۈللىنىپ روناق تېپىشىغا ئورتاق تىلەكداشلىق بىلدۈردى.

«پارلاق قۇياش نۇرى ئاستىدا» «كۆيلىگەنگە تۈگىمەس ماۋ جۇشىنىڭ شەپقىتى» «مەن ۋە مېنىڭ ۋەتىنىم» قاتارلىق تاماشىبىنلارغا تونۇش بولغان كىلاسسىك ناخشىلاردا ۋەتىنىمىز قوينىدىكى ھەر مىللەت ئوغۇل - قىزلارنىڭ ۋەتەن بىلەن ھەمنەپەس، تەقدىرداش، قەلبداش بولغانلىقىدىن پەخىرلىنىدىغانلىقى ۋە ئىپتىخارلىنىدىغانلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلدى؛ «سالقا پارتىيەنىڭ گېپىنى ئەڭ ئاڭلايدۇ» «يايلاقتا تۇرۇپ بېيجىڭغا تەلپۈنۈش» «گۈل ۋە ئۆسمۈر» «چارۋىچىلار كومپارتىيەنى كۈيلەيدۇ» «پارتىيەنىڭ شەپقىتىنى ئەۋلادمۇئەۋلاد مەڭگۈ ئەستە ساقلايمىز» «خۇشال ناخشا ئېيتايلى» «ئانام جۇڭخۇا» قاتارلىق ناخشا - ئۇسسۇللاردا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ پارتىيەگە بولغان سەمىمىي مۇھەببىتى ۋە مەڭگۈ پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈرىدىغان، پارتىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلايدىغان، پارتىيەگە ئەگىشىپ ماڭىدىغان قەتئىي ئىرادىسى مۇجەسسەملەنگەن، ئىزھار قىلىنغان؛ 12 مۇقامدىن ماتېرىيال ئېلىنغان ناخشا - ئۇسسۇل «مۇھەببىتىمنى ئانا ۋەتىنىمگە بېغىشلايمەن» ۋە ناخشا - ئۇسسۇل «ۋەتەنگە مەدھىيە»، شېئىر دېكلاماتسىيەسى «ۋەتىنىم ئانام، يۈرەك سۆزۈمنى سىزگە ئېيتاي» قاتارلىق نومۇرلاردا تيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىدىكى ھەر مىللەت ئوغۇل - قىزلارنىڭ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىغا بولغان ئەڭ گۈزەل تىلىكى ۋە ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈش، ۋەتەننى گۈللەندۈرۈش سەمىمىي مۇھەببىتى ئىپادىلەنگەن؛ ئۇسسۇل «دۆلەت ئاسايىشلىق بولسا ‹ئانارگۈلى› خۇش پۇراق چېچىپ تۇرىدۇ»، تىياتىر چاتما ناخشىسى «گۈللىنىش دەۋرىدىكى نەشپۈتزارلىق»، لەپەر «يۈرەك سۆزىمىزنى باش شۇجى شى جىنپىڭغا ئېيتىمىز»، ناخشا - ئۇسسۇل «جۇڭگو ئارزۇسىنى ئورتاق ئىشقا ئاشۇرىمىز» قاتارلىق نومۇرلاردا يېڭى دەۋرگە مەدھىيە ئوقۇپ، يېڭى دەۋرگە تەلپۈنۈپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، قەتئىي تەۋرەنمەي يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، گۈزەل شىنجاڭ بەرپا قىلىش، ۋەتەن ئارزۇسىنى بىرلىكتە ئىشقا ئاشۇرۇشتەك ئورتاق قەلب ساداسى ھەققىي مۇھەببەت بىلەن نامايان قىلىنغان.

ئاخىرىدا، پۈتۈن مەيداندىكىلەر ئورنىدىن تۇرۇپ، «ۋەتىنىمىزنى كۈيلەيمىز» ناملىق ناخشىنى يۇقىرى ئاۋازدا تەڭ ئېيتتى، دۆلەت بايرىقى جەۋلان قىلىپ، ناخشا ساداسى ياڭراپ، كېچىلىك يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. پۈتۈن كېچىلىكتە ئېسىل نومۇرلار ئۈزۈلمىدى، ھەر مىللەت تاماشىبىنلارنىڭ ئالقىش سادالىرى ئەۋجىگە يەتتى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرىدىن شۈ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، ۋاڭ جۈنجېڭ، تيەن ۋېن، جى جېڭ، سارقىت ئاقان، ياڭ شىن، جاڭ چۈنلىن ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، شىنجاڭ ھەربىي رايونى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى رەھبەرلىرى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى، قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتىدىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار، دەم ئېلىشقا، پېنسىيەگە چىققان پېشقەدەم يولداشلار، ھەر مىللەت، ھەر ساھە، ھەر ساھە - ھەر كەسىپ ۋەكىللىرى قاتارلىقلار كېچىلىكنى كۆردى.

## سەلتەنەتلىك 70 يىل كۆرەشچان يېڭى دەۋر
### يېڭى جۇڭگونىڭ قاينام - تاشقىنلىق يىللىرى

# دۆلىتىمىز دەسلەپكى قەدەمدە تۈزگەن زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۇلۇغۋار پىلانى

1964 - يىلى 12 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىن 1965 - يىلى 1 - ئاينىڭ 4 - كۈنىگىچە، 3 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - يىغىنى بېيجىڭدا ئېچىلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 1 - قېتىم رەسمىي ۋە مۇكەممەل ھالدا پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە «تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش» ۋەزىپىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

زۇڭلى جوۋ ئېنلەي «ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات»تا مۇنۇلارنى ئېلان قىلدى: خەلق ئىگىلىكىنى تەڭشەش ۋەزىپىسى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملاندى، پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكى ئومۇميۈزلۈك ياخشىلاندى. بۇنىڭدىن كېيىن خەلق ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى «ئانچە ئۇزاق بولمىغان تارىخىي مەزگىلدە، دۆلىتىمىزنى زامانىۋى يېزا ئىگىلىكى، زامانىۋى سانائەت، زامانىۋى دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە زامانىۋى پەن - تېخنىكىغا ئىگە سوتسىيالىستىك كۈچلۈك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىپ، دۇنيانىڭ ئىلغار سەۋىيەسىگە يېتىشىۋېلىش ۋە ئۇنىڭدىن ئېشىپ كېتىش». «تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش»نى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، 3 - بەش يىللىق پىلاندىن باشلاپ، «بىرىنچى قەدەمدە مۇستەقىل، بىرقەدەر مۇكەممەل سانائەت سىستېمىسى ۋە خەلق ئىگىلىكى سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش؛ ئىككىنچى قەدەمدە يېزا ئىگىلىكى، سانائەت، دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە پەن - تېخنىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئومۇميۈزلۈك ئىشقا ئاشۇرۇپ، دۆلىتىمىز ئىقتىسادىنى دۇنيانىڭ ئالدىنقى قاتارىدا ماڭدۇرۇش كېرەك».

جۇڭگو كوممۇنىستلىرى سوتسىيالىزم قۇرۇش يولى ئۈستىدە ئىزدىنىش جەريانىدا، قايتا - قايتا ئويلىنىش ئارقىلىق، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۇلۇغۋار پىلانىنى بېكىتتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، «تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش»نى ئىشقا ئاشۇرۇش پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ كۆرەش نىشانىغا ئايلاندى. كېيىن ئوڭۇشسىزلىق يۈزبەرگەن جاپالىق يىللاردىمۇ، بۇ ئۇلۇغۋار نىشان يەنىلا يۈزمىليونلىغان خەلقنى ئۇيۇشتۇرۇپ ۋە ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ جاسارەت بىلەن تىرىشىپ ئىشلەش، دۆلەت قۇرۇشنىڭ قۇدرەتلىك مەنىۋى مەنبەسى بولدى. 1975 - يىلى 1 - ئايدا، جوۋ ئېنلەي 4 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - يىغىنىدا «تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش» نىشانى ۋە ئىككى قەدەمگە بۆلۈپ مېڭىش تەسەۋۋۇرىنى تەكىتلىدى.

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولىغا قويۇلغاندىن بۇيان، پارتىيە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ بوشاشماي كۆرەش قىلىپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىزچىل ئىشقا ئاشۇرۇپ، «ئۈچ قەدەمگە بۆلۈپ مېڭىش» ئىستراتېگىيەسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىنى ئېچىپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ماھىيەتلىك مەزمۇنىنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن چوڭ قەدەم بىلەن ئىلگىرىلىدى.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

# «يۈ گۇڭنىڭ تاغنى يۆتكىشى، جۇڭگونى ئۆزگەرتىش»

«يۈ گۇڭنىڭ تاغنى يۆتكىشى» جۇڭگودا نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان تارقىلىپ كەلگەن بىر مەسەل. 1957 - يىلى 10 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، ماۋ زېدۇڭ شەندۇڭ ئۆلكىسى جۈنەن ناھىيەسىدىكى لىجياجېينىڭ يەرلەرنى تۈزەش، سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى قىلىش، ئىلمىي تېرىقچىلىق قىلىش ئارقىلىق ئاشلىق ھوسۇلىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرۇپ، پۈتۈن كەنتنىڭ قىياپىتىنى يېپيېڭى تۈسكە كىرگۈزگەنلىكى بايان قىلىنغان دوكلاتنى ئوقۇپ، «يۈ گۇڭنىڭ تاغنى يۆتكىشى، جۇڭگونى ئۆزگەرتىشتە لىجياجېي بىر ياخشى مىسال» دېگەن تەستىق سۆزىنى يازدى.

«يۈ گۇڭنىڭ تاغنى يۆتكىشى، جۇڭگونى ئۆزگەرتىش»تىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ روھنىڭ چاقىرىقىدا، جۇڭگو خەلقى تاغ - دەريالارنى قايتا تۈزەشتەك سانسىزلىغان شانلىق داستانلارنى پۈتتى. بولۇپمۇ 20 - ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىنىڭ باشلىرىدىكى قىيىنچىلىق مەزگىلدە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئىنتايىن ئېغىر قىيىنچىلىقنىڭ سىنىقىغا دۇچ كېلىپ، تەبىئىي ئاپەت ۋە ماددىي بۇيۇملار ئىنتايىن كەمچىل بولۇشتەك قارشى بىر مەيدان كۈرەشنى قانات يايدۇردى. سەنشى ئۆلكىسى شىياڭ ناھىيەسى داجەي كەنتىدىكى ئاممىنىڭ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۆرەش قىلغانلىقى ۋە خېنەن ئۆلكىسى لىنشيەن ناھىيەسى (ھازىرقى لىنجوۋ شەھىرى)دىكى خەلقنىڭ قىزىل بايراق ئۆستىڭىنى چېپىپ، تاغ - دەريالارنى قايتىدىن ئورۇنلاشتۇرغانلىقىدەك باتۇرانە جاسارىتى بۇنىڭ ئىچىدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن ۋەكىلىدۇر.

داجەي سەنشى ئۆلكىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى تەيخاڭشەن تېغى ئېتىكىدىكى دېڭىز يۈزىدىن مىڭ نەچچە مېتىر ئېگىزلىكتىكى تاغلىق رايونغا جايلاشقان. بۇ جاينىڭ تەبىئىي شارائىتى ناچار، يېرى ئۇنۇمسىز. داجەيلىكلەر پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، جاپاغا چىداپ ئىشلەپ، ئەمەلىي ئىشلەپ، جان تىكىپ ئىشلەپ، 1953 - يىلدىن باشلاپ بەش يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، پۈتۈن كەنتتىكى يەتتە چوڭ جىلغىنى ئۆزگەرتىپ، چوڭقۇر جىلغىلارنى مۇنبەت ئېتىزغا ئايلاندۇرۇپ، «مەملىكەت بويىچە يېزا ئىگىلىك سېپىدىكى بىر قىزىل بايراق» دېگەن شەرەپكە ئېرىشتى. 1962 - يىلى پۈتۈن مەملىكەتتە ئېغىر ئاپەت ۋە ئېغىر قىيىنچىلىق يۈزبەرگەن ئەھۋال ئاستىدا، داجەينىڭ مو بېشى ئاشلىق ھوسۇلى ناھىيەنىڭ 530 جىڭلىق ئوتتۇرىچە ھوسۇل مىقدارىدىن يۇقىرى بولدى.

خېنەن ئۆلكىسىنىڭ لىنشيەن ناھىيەسى تەيخاڭشەن تېغىنىڭ شەرقىي ئېتىكىگە جايلاشقان بولۇپ، قەدىمدىن تارتىپ ئېغىر قۇرغاق، سۇ قىس رايون ئىدى. لىنشيەن خەلقى ناھىيەلىك پارتكومنىڭ يېتەكچىلىكىدە، جاڭخې دەرياسىنىڭ سۈيىنى لىنشيەن ناھىيەسىگە باشلاپ، «لىنشيەن ناھىيەسىنىڭ تاغ - دەريالىرىنى قايتىدىن ئورۇنلاشتۇرۇش»نى دادىل تەسەۋۋۇر قىلدى. 1960 - يىلىنىڭ بېشىدا، لىنشيەن ناھىيەسىدىكى 37 مىڭ ئامما تەيخاڭشەن تېغىغا جەڭ ئېلان قىلدى. بەش يىل جاپاغا چىداپ جەڭ قىلىش ئارقىلىق، 1965 - يىلى 4 - ئاينىڭ 5 - كۈنى قىزىل بايراق باش غول ئۆستىڭىگە سۇ باشلاندى. ئارقىدىن يەتتە - سەككىز يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، تارماق ئۆستەڭلەرنى يۈرۈشلەشتۈرۈپ، باش غول ئۆستەڭنى ئېگىزلىتىپ پۈختىلىدى، 1974 - يىلى 8 - ئايغا كەلگەندە، قىزىل بايراق ئۆستىڭى تولۇق پۈتتى. قىزىل بايراق ئۆستىڭى «سۈنئىي تيەنخې دەرياسى» دەپ ئاتىلىپ، شۇ جاينىڭ ئىقتىسادىي ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىغا غايەت زور تۆھپە قوشتى، ھازىرغىچە يەنىلا ئەجايىب ئۈنۈمىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلمەكتە.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 - ئاينىڭ 26 - كۈنى تېلېگراممىسى)**